# 106477 - رامزاننىڭ قازا روزىسىنى ئايرىم-ئايرىم تۇتسىمۇ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

## سوئال

رامزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىدىغان كىشى، روزىنى ئايرىم-ئايرىم كۈنلەردە تۇتسىمۇ بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شۇنداق، رامزاننىڭ قازا روزىسىنى ئايرىم-ئايرىم كۈنلەردە تۇتسىمۇ بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِنْ أَيَّامٍ أُخَرَ﴾ تەرجىمىسى: « كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن» ] سۈرە بەقەرە 185-ئايەت].

ئاللاھ تائالا قازا روزىدا ئارقىمۇ-ئارقا، ئۈزۈلدۈرمەي تۇتۇشنى شەرت قىلمىدى. ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلسۇن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى تەشۋىقات پەتىۋا كومىتېتى. پەتىۋادا: شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز، شەيخ ئابدۇرەھمان ئەپىپىي، شەيخ ئابدۇللاھ غۇدەييان، شەيخ ئابدۇللاھ قەئۇد.

" سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات پەتىۋا كومىتېتى پەتىۋاسى" 10-توم 346-بەت.